# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي
16
سەيشەنبە
维吾尔文 6 月16日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W : مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25094 - سان بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگو بىلەن لائوسنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بېنياڭ بىلەن ئۆزئارا سالام يوللىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ جۇڭگو بىلەن لائوسنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بېنياڭغا ئاغزاكى خەۋەر يوللىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قانۇن بويىچە خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 12 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قانۇن بويىچە خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ ئاساسىي يۇقتىلايدىغان، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان، يىراقنى كۆزلىگەن مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇل خاراكتېرلىك قانۇن بولۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنى تېزلىتىشتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشتە، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەتىمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىدە، پارتىيەمىز ھەق تەلەپ قانۇنىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تۈزۈشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدۇق. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بەش يىلدىن كۆپرەك خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ئاخىر ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇپ، نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۆزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەتتە شەكىللەنگەن ھەق تەلەپ قانۇن - قائىدىلىرى سىستېمىلىق يىرلەشتۈرۈلگەن،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى

## كۆلەمدىكى ئۆگىنىش كۆرەشكە چۈشۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىش كېرەك

چېن چۇەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۇنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۇنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندىن ئىلگىرى، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار تولۇق تەييارلىق قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگەندى ھەم ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىش تەسىراتى يازدى. يىغىندا، چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۇنجېڭ، لى پېڭشىن ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ماركسىزملىق سىياسىيون، مۇتەپەككۇر، ئىستراتېگىيەچىگە خاس چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى، ئۆتكۈر ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىسى بىلەن، دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرىۋاتىدۇ دېگەن مۇھىم، زور ھۆكۈمنى چىقىرىپ، دۇنيا ۋەزىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتىنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، دۆلىتىمىز دۇچ كەلگەن پۇرسەت ۋە خىرىسلارنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى داۋامىدا كۆلەمدىكى ئېغىر كۆچكە تېتىش، خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ - خەتەرنى ئويلاش، نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەش ئېلىپ بېرىشتىكى ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ، بىزنىڭ كۆرەش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى توپ كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى. چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن چېن چۇەنگو سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىغا چوڭقۇر تارىخىي ئاساس،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## ئالدىنقى بەش ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلار كرېدىتىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭ - فېيىنىڭ** جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشىدا مىقدار ئېشىش، باھا تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن، كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ كرېدىتىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولۇپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن. 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل تەننەرخى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 79 ئاساسىي نۇقتا تۆۋەنلىگەن، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 32.4% ئاشقان.

جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 2 تىرىليون 160 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.2% ئاشقان؛ 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل 108 مىليارد 210 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 53 مىليارد 880 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيگەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



گىلاس دەرىخى ئاستىدا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش

كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال بازىرى قۇمباغ كەنتىدىكى گىلاسزارلىقتا، قەشقەر جياڭگوگو يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق گىلاسنى تونۇشتۇرماقتا (6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تارتىلغان). بۇ كەنتنىڭ گىلاس ئۆستۈرۈش كۆلىمى 386 مو بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 45 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىشى مۆلچەرلەندى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

## ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ نۇقتىدىن كۈچەپ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى ئالاقىدار نازارەت - ئىدارە - تارماقلار بىلەن توغرا يۆنىلىشتە ئالاقىلىشىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن تىك يۆنىلىشتە ئۇدۇللىشىپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئائىلە مۇلازىمىتى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، كۆرگەزمە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچەپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تۈرتكە بولغان.

ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى «پونكىت قۇرۇش، سۈپەتلىك ماركا تىكلەش، ئەشيا ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، دەل جايىدا بولۇشنى كۆزلەش»تىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش بويىچە ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «بىر يۇرۇش يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئائىلىق كېڭەشش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

## «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»نىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئالغا سىلجىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشنى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئائىلىق كېڭەشش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش›نىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش»نى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىش شەكلى قوللىنىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىلدى

## قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 146 شىنجاڭ كارخانىسى توردىكى گۇاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى


كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش


پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: «كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر، گۇاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسىگە كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئالىمىز، شىركىتىمىز قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ تۈرلۈك كاستۇم - بۇرۇلكىسى، ئىشتىنىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاشنى ئاساس قىلغان تاشقى سودا كارخانىسى...» 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 127 - نۆۋەتلىك گۇاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك توردىكى گۇاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسى باشلاندى، ئۈرۈمچى شەھىرى دەنشالىيا كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ مال ساتقۇچىسى توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تونۇشتۇردى.

بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ھەم ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە سېتىلىدۇ، شىركەت باش دىرېكتورى لى يەنرۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىل شىركەت 30 نەچچە خىل ئاساسلىق مەھسۇلاتنى توردا كۆرگەزمە قىلىدىكەن. «بىز بىرقانچە نۆۋەتلىك گۇاڭجوۋ سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇق، ئەسلىدە ھەممىسى تور سىرتىدا ئىدى، بۇ يىل توردا ئۆتكۈزۈلۈشكە ئۆزگەرتىلدى، شەكىل جەھەتتە نۆۋەتتىكى ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشىۋاتقان بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇشقا ئوخشايدۇ، بۇ يىل ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى لى يەنرۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)